شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 3 ـ ئاي
21
شەنبە
维吾尔文 3 月21日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25007 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى

50 مىڭ نامرات ئەمگەك كۈچىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا خەۋەر قىلىدۇ: «بىزنىڭ پات ئارىدا خىزمىتىمىز بار بولىدۇ، بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇش بولدۇق، چوقۇم پۇرسەتنى قەدىرلەپ، ياخشى ئىشلەپ، كۆپرەك پۇل تېپىپ، بالدۇرراق نامراتلىقتىن قۇتۇلىمىز.» 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سائەت 16دىن 36 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۈرۈمچى ۋوگزالىدا ئەممەت توختى ئەر ـ خوتۇن يۈك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە قاتنىغان T6728 قېتىملىق مەخسۇس پويىزدىن چۈشتى، ئۇلار يەكەن ناھىيەسىنىڭ چارەك بازىرى چارەك كەنتىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئامموۋى مەنپەئەت ئىش ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىدۇ.

ئۇقۇشىمچە، 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە قاتنىغان ئۈچ قېتىملىق

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇش ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، جايىدا تۇتۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ نورمال ئىزدا تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە ئايلىنىشىغا سىجىل تۈرتكە بولۇش كېرەك

چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۈك، ۋاڭ شىرۇي خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەر قايسى تارماقلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، جايىدا تۇتۇپ، خىزمەتنىڭ كۈچەش نۇقتىسى ۋە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى ۋاقىت، ۋەزىيەتكە قاراپ تەڭشەپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاشتا تەۋرەنمەسلىك، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا تەۋرەنمەسلىك، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىملىقىنى ساقلاشتا تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگەن، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى تېز ئەسلىگە كېلىۋاتقان ھالەت ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىۋاتقان ۋە كېڭىيىۋاتقان پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كېلىۋاتقان ئەۋزەللىكتىن ياخشى پايدىلىنىپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىۋاتقان ۋەزىيەتنى سىجىل مۇستەھكەملەش بىلەن بىللە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ نورمال ئىزدا تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە ئايلىنىشىغا سىجىل تۈرتكە بولۇش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋەزىپىسى قانچە ئېغىر بولغانسېرى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى شۇنچە مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش كېرەك. تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

بىڭتۈەندىكى نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر **پەن يىڭ**) مۇخبىرنىڭ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېقىندا ئاچقان نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، بىڭتۈەن بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا نامرات تۈەن ـ چاڭلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىپ تاشلاش، نامرات لىيەندۈيلەرنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن چىقىرىش، نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان.

مۇخبىرنىڭ بىڭتۈەن نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىن ئىگىلىشىچە، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا نامرات تۈەن ـ چاڭلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىپ تاشلاش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىز نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىسى بار 44 نامرات ئەمەس ناھىيە (شەھەر، رايون)گە قارىتا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش سېلىنمىسىنى ئاشۇردى

2222 نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنى يولغا قويۇپ، 5 مىليارد 870 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ۋاڭ يۈجاۋ، جاۋ جيىيۈن خەۋەر قىلىدۇ: بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىسى بار 44 نامرات ئەمەس ناھىيە (شەھەر، رايون)گە قارىتا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش سېلىنمىسىنى ئاشۇردى.

ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ بىر قىسمىنى ئايرىتىپ، نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىسى بار نامرات ئەمەس ناھىيەلەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش تۈر قۇرۇلۇشىنى مەخسۇس قوللايدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، مالىيە، نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق تارماقلار بۇ يىل نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىسى بار 44 نامرات ئەمەس ناھىيە پىلانلاپ يولغا قويىدىغان 5 مىليارد 870 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان 2222 نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنى تەكشۈرگەن. نۆۋەتتە 2 مىليارد 700 مىليون يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشكەن، قالغان قىسمى يەرلىك زايوم مەبلىغى، مالىيە مەخسۇس نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى يولى ئارقىلىق بىرتۇتاش پىلانلىنىپ ھەل قىلىنىدۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنىنى ئاچتى

ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ نورمال ئىزدا تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە ئايلىنىشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ يەنفاڭ خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ھۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ ئالاقىدار خىزمەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە پەيتنى قولدىن بەرمەي، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

سۈن جىنلۇڭ قاغىلىق ناھىيەسىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋۇۋسكا ئېبىسپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇردى

مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، بېسىمنى يەتكۈزۈپ، جەڭگىۋارلىقنى ئۇرغۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك

قەشقەر مۇخبىرلار پونكىتىدىن **پەن يەنيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۈەن پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، جىڭۋېي سۈن جىنلۇڭ قاغىلىق ناھىيەسىگە بېرىپ نەق مەيداندا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋۇۋسكا ئېبىسپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، خىزمەتنى چىڭ، پۇختا تۇتۇپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، بېسىمنى يەتكۈزۈپ، جەڭگىۋارلىقنى ئۇرغۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

سۈن جىنلۇڭ قاغىلىق ناھىيەسىدىكى يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش، چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى پېششىقلاش، ياڭاق سودىسى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلىش   جەم بولۇش تامىقى يېيىش   يۈرەك سۆزلىرىنى قىلىش

ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز مېھرىگۈل غوپۇر خەۋەر قىلىدۇ: «تۇغقىنىمىز كېلىپ بەك ياخشى بولدى، ئەسلىدىكى بىر كۈنلۈك ئىشنى، يېرىم كۈندىلا قىلىپ بولدۇق، ھېرىپمۇ كەتمىدۇق!» دېدى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۇچتۇرپان ناھىيەسى ئالغا بازىرى يار بېشى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئىرپان يۈسۈپ خۇشال ھالدا.

بارلىق مەۋجۇدات جانلىنىپ، زېمىن ئىللىقلىشقا باشلىدى، ھازىر دەل ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلى، ئۇدا نەچچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى، ھەر مىللەت كادىرلار تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ئېتىز ـ ئېرىق باشلىرىغا، دېھقانلارنىڭ ھويلا ـ ئارانلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، قوشماقلاشقان تۇغقانلىرى بىلەن بىللە ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى باشلاپ، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ مۇھىتىنى تۈزەش قاتارلىقلارنى قانات يايدۇرۇپ، بىر قولدا يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىشنى تۇتۇپ، بىر قولدا ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى رىشتى توغرىسىدا ئورتاق پاراڭلىشىپ، تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلەش كويىنى ئورتاق ياڭراتتى.

ئۇدا نەچچە كۈندىن بۇيانقى ئوچۇق ھاۋا يار بېشى كەنتىدە ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇتتى. قارا مور ئۆستۈرۈش چوڭ پارنىكىدا، كەنت ئاھالىلىرى ماسكا تاقاپ چوڭ پارنىكنى دېزىنفېكسىيە قىلىش، زەمبۇرۇغ قەۋىتىگە سۇ پۈركۈش بىلەن ئالدىراش بولۇپ، قارا مور زەمبۇرۇغىنى پارنىكقا تېرىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسىدىكى 45 كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچى يار بېشى كەنتىگە كېلىپ، قوشماقلاشقان تۇغقانلىرى بىلەن خۇشال جەم بولۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي چىڭ تۇتۇپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي ئىشلەش ⑤

زاۋۇتلاردا ماشىنىلار ھەرىكەتلەندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ما يىنىڭ خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى)غا جايلاشقان گۇاڭچى گۇرۇھى يولۇچىلار ئاپتوموبىلى چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتىنىڭ باش قۇراشتۇرۇش سېخىدا قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن ئىشلەپچىقىرىش مەنزىرىسى نامايان بولدى، ئىشچىلار يېڭىدىن ئىشلەپچىقىرىش لىنيىسىگە قويۇلغان SUV يولۇچىلار ئاپتوموبىلىنى قۇراشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق كۆچمە ماشىنا ئادەم، يۇقىرى ئېنىقلىق دەرىجىسىدە ئورۇن بەلگىلەپ ئەينەككە يېلىم سۈركەش ماشىنا ئادىمى، AGV ئادەمسىز يۈك توشۇش كىچىك ئاپتوموبىللىرى موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. «كارخانا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ، يۇقۇم دەخلى قىلغان ۋاقىتنى قايتۇرۇۋېلىپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈردى.» شىركەت ياسىمچىلىق بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى لو خېيەن مۇنداق دېدى: «بۇ يىل كارخانا گۇاڭچى چۇەنچى GS4 ئاپتوموبىلىنىڭ 2 ـ ئەۋلاد دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەن تىپىنى ئىشلەپچىقىرىش لىنيىسىدە ئىشلەپچىقىرىشنى پىلانلىدى، بىزنىڭ پۈتۈن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى تاماملاشقا ئىشەنچىمىز كامىل».

باھار بىباھادۇر. باھارنىڭ قەدىمىگە ئەگىشىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سۈرئىتىمۇ ئومۇميۈزلۈك تېزلەشتى، 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا كۆلەملىك سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى 99.4%كە يەتتى.

ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، شىنجاڭ خېڭئەن قەغەزچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ خادىملىرى يېڭىچە «زاۋۇتقا كىرىش ھالىتى»گە: بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، قول يۇيۇپ دېزىنفېكسىيەلەش، بىر ـ بىرلەپ مەيدانغا كىرىشكە ئادەتلەندى. 3 ـ ئايدىن بۇيان، خېڭئەن قەغەزچىلىكى تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئېسىل قەغەزدىن 120 مىڭ قاپ ئىشلەپچىقاردى، بۇ، بۇلتۇرنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 20% ئاشتى. «ئالدىنقى مەزگىلدە تاپشۇرۇۋالغان توققۇز رايوننىڭ زاكازىنىڭ ھەممىسىنى قەرەلدە مال بىلەن تەمىنلەشنى تاماملىدۇق.» شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى ليۇ چۈەنخۇي مۇنداق دېدى: «غەربىي شىمالدىكى ئاساسلىق تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قەغەز ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز شىنجاڭدا 50% بازار ئۈلۈشىنى ئىگىلىدۇق، نۆۋەتتە، كارخانىمىز ئومۇميۈزلۈك مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى، بازار تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ».

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ئىشچىلار تۆمۈريول قۇرۇلۇش ئېغىر سانائىتى شىنجاڭ چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا مەشغۇلات قىلماقتا. ھازىر، بۇ شىركەت پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ پاختا تېرىش ماشىنىسى ئىشلەپچىقىرىپ، بازار تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلماقتا. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شيې لۇك فوتوسى